180 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلە «گۈزەل ھويلا - ئاران» بەرپا قىلىشقا قاتناشتى

نۇپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

مۇخبىرىمىز **لىيۇ يەن**نىڭ 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ «گۈزەل ھويلا - ئاران» قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ «گۈزەل ھويلا - ئاران» قۇرۇلۇشى خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە «گۈزەل ھويلا - ئاران» تەشۋىقات پائالىيىتى 72مىڭ مەيداندىن ئارتۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، 3 مىليون 600 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئاممىنى جەلپ قىلىنغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 180 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلە «گۈزەل ھويلا - ئاران» بەرپا قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان، بۇ تۈردىكى خىزمەتنىڭ نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشىگە تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى رولى بارغانسېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر نامرات رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ‹گۈزەل ھويلا - ئاران› قۇرۇلۇشى مەخسۇس گۇرۇپپىسىنىڭ يولغا قويۇش لايىھەسى (2018 - يىلىدىن 2020 - يىلىغىچە)»نى بېسىپ تارقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە (شەھەر)، 192 ئېغىر نامرات يېزا (بازار)، 1962 ئېغىر نامرات كەنت، 396 مىڭ 100 نامرات ئائىلە بويىچە، «تۆتتە ياخشى، ئۈچ گۈزەل، بىردە پاكىز بولۇش» (ئىدىيەدە ياخشى، ئائىلە ئىستىلىدا ياخشى، ئۆگىنىشتە ياخشى، ئىتتىپاقلىقتا ياخشى بولۇش، ئادەم گۈزەل، ئۆي گۈزەل، ھويلا گۈزەل بولۇش، ھاجەتخانا تازىلىقى پاكىز بولۇش) ئۆلچەم قىلىنغان «گۈزەل ھويلا - ئاران» قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لىشيا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى «گۈزەل ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى — يۈز كەنت، تۈمەن ئائىلە»نى كۆرسىتىش - سايلاش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «گۈزەل ھويلا - ئاران» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەدرىجىي ھالدا 22 ئېغىر نامرات ناھىيە (شەھەر)دىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - كەنتلەرگىچە كېڭەيتىپ، ئۆز ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىدىيە قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «گۈزەل ھويلا - ئاران» قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى. ئائىلىلەرگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەش، مەركەزلىك ئۆگىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، «تۆتتە ياخشى، ئۈچ گۈزەل، بىردە پاكىز بولۇش»نى بەرپا قىلىش ئۆلچىمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ئۆستۈرۈلدى. ھەم چاغان، دۆلەت بايرىمى قاتارلىق مۇھىم پەيتلەردە «گۈزەل ھويلا - ئاران» قۇرۇلۇشى «ئەڭ گۈزەل ئائىلە»نى تاللاپ چىقىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ ئۆگىنىشتە بەسلىشىش، ئېشىپ كېتىش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قوزغىتىلدى.

نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 1962 ئېغىر نامرات كەنتتە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش دۇكىنى — «گۈزەللەشتۈرۈش ئۆيى» قۇرۇلۇپ، نامرات ئاياللار ۋە ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىنى «باش»دىن باشلاپ ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. «نەزەرىيە ئۆگىنىش+ماھارەت ئەمەلىي مەشغۇلاتى» شەكلى ئارقىلىق، «ئائىلە مەكتىپى دېھقانلار ئائىلىسىگە كىرىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئائىلە تەربىيەسى، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق ئون مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىنىپ، 37 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم نەپكە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تور كەچلىك مەكتىپى» پائالىيىتىنى تەشكىللىدى ھەم «سىزگە دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىتىمىز» دەرسلىكىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. نۆۋەتتە، دەرسلىكنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى 700 مىڭ نۇسخىدىن ئېشىپ، يېزا ئاياللىرى ۋە ياشلىرىدىن 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمنى بىۋاسىتە قاپلىدى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىسى يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، تەشۋىقات ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەش ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەشتە چىڭ تۇرىدۇ.» ۋاڭ لىشيا مۇنداق دېدى: مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىسى قاراتمىلىق ھالدا نامرات ئاياللار ۋە ياشلارنى خاسلاشتۇرۇلغان يۆلەش، ياردەم بېرىش بىلەن تەمىنلەپ، «ئون كىچىك قۇرۇلۇش»، «گۈزەللەشتۈرۈش ئۆيى» قاتارلىقلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى سىجىل جارى قىلدۇرۇپ، ئاياللار ۋە ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ.

شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىشنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ قولايلىق قىلىش تەلىپىنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش دىرېكتورلى جېڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بەردى، شىنجاڭنىڭ ئاۋىياتسىيە بازىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئايرودرۇملارنىڭ ترانسپورت مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېزلەشتى، كەڭ يولۇچىلاردا ئايرودرۇم مۇلازىمىتىنىڭ قولايلىقلىقى، ئازادىلىكىگە قارىتا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر پەيدا بولدى. شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، ئايروپىلانغا چىقىش، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتىكى بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ خىزمەتتىكى قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

«ئايروپىلانغا چىقىش ئېغىزىدا قەغەز ئىسپات باستۇرمىسىمۇ بولىدۇ، بىز ئەسلىھەنى كۆپەيتىش ھەم سىستېمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، پۈتكۈل جەريانى ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنى ئىشقا ئاشۇردۇق». شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى بازار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى نىي ۋېنىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يولۇچىلاردا پەقەت بىر يان تېلېفون بولسىلا، بېلەت زاكاز قىلىشتىن ئايروپىلانغا چىقىشقىچە بولغان پۈتۈن رەسمىيەتنى بېجىرەلەيدۇ، بۇنىڭدا يولۇچىلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ رەسمىيەت بېجىرىش ئاۋارىچىلىكى بولمايدۇ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش تېخىمۇ يېشىللاشتى، تېخىمۇ قولايلاشتى.

بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن ئايروپىلانغا چىقىش كارتىسىنى ئالدىراپ ئالماشتۇرۇشتەك جىددىيچىلىكتىن خوشلىشىپ، «ماڭدىم دەپلا ماڭىدىغان» بەخت سەپەرگە ھەمراھ بولدى، «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش بارغانسېرى كۆپ يولۇچىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل 7 - ئايدا، شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھىدىن «قەغەزسىز» سەپەرگە چىققان يولۇچى 62 مىڭ ئادەم قېتىم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدىن 59 مىڭ ئادەم قېتىم يولغا چىقتى. «قەغەزسىز» ئېلېكترونلۇق ئايروپىلانغا چىقىش كارتىسى ئىشلىتىپ سەپەرگە چىققان يولۇچى تورغا چىقىرىلغان دەسلەپكى چاغدىكى كۈندە 500 ئادەمگە يەتمەسلىكتىن كۆپىيىپ كۈندە 2000 ئادەمگە يېقىنلاشتى.

باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا تەكشۈرۈپ - كۆزىتىلگەن مەسىلىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى ئايروپىلان ئورنىدىن يىراق بولغان يان تېلېفون خەۋەرلىشىش تور سىگنالى ئاجىز بولۇشتەك قىسمەن مەسىلىلەرگە قارىتا، شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى ئايرودرۇم ئايروپىلان توختىتىش مەيدانى ئاساسىي پونكىتىنى قۇرۇشنى پىلانلىدى، ھازىر پىلان قۇرۇلۇش لايىھەسى تاماملاندى ھەم AI كۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكى ماس قەدەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىدى، يولغا قويۇش جەزملەشتۈرۈلگەندىن كېيىن «چىرايىنى پەرقلەندۈرۈپ توسۇقتىن ئۆتۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش ئۈندىدار پىروگراممىسىنى تەتقىق قىلىپ ئاچتى، يولۇچىلار بۇ پىروگراممىنى ئىشلىتىپ، «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش كەسپىنى ناھايىتى ئاسانلا بېجىرەلەيدۇ، بۇ، ئوخشاش بولمىغان ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنىڭ «قەغەزسىز» تېخنىكىسىدا ساقلانغان سانلىق مەلۇمات توسۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە بارغاندا، شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ئايرودرۇملارنىڭ ھەممىسىدە «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش مۇلازىمىتى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى «ئوت يۇرتى»دا ئەۋج ئالماقتا

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، تۇرپانمۇ بۇنىڭ بىلەن «دۇنيادىكى ئەڭ مول ئۈستى ئوچۇق ئارخېئولوگىيە مۇزېيلىرىنىڭ بىرى» دەپ تەرىپلەندى.

مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ماتېرىياللىرى ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشنى ياخشى تۇپراق بىلەن تەمىنلىدى. 20 - ئەسىردە، تۇرپانشۇناسلىق تەدرىجىي ھالدا خەلقئارادا دىققەت قوزغىغان ئىلىمگە ئايلاندى. لېكىن، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ جەرياندا بىللە يۈزبەرگىنى چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە قېزىشى ۋە تالان - تاراج قىلىشى بولدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۈركۈم - تۈركۈم غەرب تەۋەككۈلچىلىرى تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاننىڭ مول يەر ئۈستى، يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلدى. زور تۈركۈمدىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملەر ئوغرىلاپ كېسىلدى، قىممەتلىك قەدىمكى ھۆججەتلەر ساندۇق - ساندۇقلاپ چەت ئەلگە توشۇلدى، تۇرپانشۇناسلىقمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن غەربتە تېز ئەۋج ئالدى. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭگولۇقلار بۇنداق بىر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالماي تۇرالمىدى: مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يۇرتى جۇڭگو شىنجاڭدىكى تۇرپاندا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزى غەربتە بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ مۇساپىدە بۇرۇلۇش بولۇشقا باشلىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. تۇرپاننىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخىي خارابىلىرى مۇۋاپىق قوغدالدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ سىجىل بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى:

1959 - يىلىدىن باشلاپ، ئاستانە قەدىمكى قەبرە توپى ئون نەچچە قېتىم قېزىلىپ، نەچچە ئون مىڭ پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەغەز خەت - ئالاقىلا 10 مىڭغا يېقىنلىشىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا، سۇبېشى قەدىمكى قەبرە توپى بايقىلىپ ۋە قېزىلىپ، تۇرپاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنى تەسۋىرلىرى ئېنىق تارىخىي ئەينەك بىلەن تەمىنلىدى.

1981 - يىلى، ياغىخى قەدىمكى قەبرە توپى بايقالدى؛ 2003 - يىلى ياغىخى قەدىمكى قەبرە توپى جىددىي قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىلدى.

2010 - يىلى، تۇيۇق تاشكېمىر توپى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى شۇ يىللىق مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

2014 - يىلى، يارغول قەدىمىي شەھىرى بىلەن ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

…

دېڭ يۇڭخۇڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى تۇرپان مۇزېيىدا 20 مىڭ (يۈرۈش)دىن ئارتۇق قىممەتلىك ساقلانمىلار ساقلانماقتا، بۇ ساقلانمىلار يېڭى جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى بولۇپ، تۇرپانشۇناسلىقنى ئۈزلۈكسىز تەتقىقات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى خۇاشيا مەدەنىيلىكى مۇساپىسىدىكى تىرىك تاشقاتمىغا ئايلىنىپ، ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنىڭ بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت داۋلىنى جانلىق بايان قىلماقتا.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۆز قەرەلىدە غەلىبە قىلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، بولۇپمۇ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئۆگىنىپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. دىققەتنى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارغا ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش نىشان ئۆلچىمىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكنى چىڭ تۇتۇپ تولۇقلاش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچەش كېرەك. قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتا مەسىلىلىرىنى توغرا نىشانلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش، مەبلەغ تۈرلىرى، سىياسەت كاپالىتى، كۈچنى بىرتۇتاش پىلانلاش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقلىي جەھەتتە يۆلەش، ئاساسىي پۇختىلاش جەھەتتە كۈچلەرنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، مەنبەدىن يۆلەش، ئائىلىلەرگىچە يۆلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆلچىمىنى چىڭ ئىگىلەپ، چېكىندۈرۈش ئۆلچىمى ۋە تەرتىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىستىلنى ياخشىلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش كېرەك. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ناھىيە - شەھەرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قوللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، دەرىجىمۇدەرىجە بېسىم ھېس قىلدۇرۇپ، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى ھەقىقىي مۇجەسسەملەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس كۆزىتىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاجىز ھالقىلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي پوزىتسىيە، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، قەيسەر جىدامچانلىق، كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى دەل جايىدا تۈزىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)